# ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىماڭلار، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«ئۈممىتىمنىڭ ئاخىرىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ھەدىسلەرنى سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىماڭلار، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇڭلار».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قىيامەتكە يېقىن ئۈممىتىنىڭ ئاخىرىدا بىر تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ يالغاننى توقۇپ ئۇلاردىن ئىلگىرى ھېچ كىشى دېمىگەن سۆزلەرنى دەيدىغانلىقى، يالغان، توقۇلما ھەدىسلەر بىلەن خەۋەر بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ توقۇلما-يالغان ھەدىسلىرى كۆڭلىمىزگە ئورناپ قىلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشتىن ئاجىز كىلىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشقا، ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇش-قوپۇش قىلماسلىققا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماسلىققا بۇيرىدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/65076